

جالالىدىن بەھرام

# قاچقۇن

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

جالالىدىن بەھرام

# قاچقۇن

( پوۋېستلار )



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

مەسئۇل مۇھەررىرى:  نىجات مۇخلىس
مەسئۇل كوررېكتورى:  ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:  غالىب شاھ

# قاچقۇن

(پوۋېستلار)

ئاپتورى:  **جالالىدىن بەھرام**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 2 ـ كوچا، 1 ـ قورۇ، پ: 830049)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 9.375
2008 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2008 ـ يىل 4 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN978—7 — 5371 — 2307 — 5
سانى: 1—4000
باھاسى: 18.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز

**图书在版编目(CIP)数据**

逃犯:维吾尔文/加拉力丁·拜克拉木著—乌鲁木齐:
新疆青少年出版社,2005.11（2008.4 重印）
ISBN978— 7—5371—2307—5

Ⅰ.逃… Ⅱ.加… Ⅲ.中篇小说—中国—当代—维吾尔语
（中国少数民族语言） Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 175085 号

责任编辑：尼加提·穆合力斯
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿里甫·夏

**逃犯**（维吾尔文）
（中篇小说集）
加拉力丁·拜克拉木　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路二巷1号　邮编：830049）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷厂印刷
850×1168毫米　32开本　9.375印张
2008年4月第1版　2008年4月第1次印刷
印数：1—4000

ISBN978—7—5371—2307—5　定价：18.00元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# مۇندەرىجە

قاچقۇن ........................................... 1
«قۇلۇپ ياسىغان ئاچقۇچمۇ ياسار» .................. 128
قۇملۇقتىكى ئاتەش.............................. 164

# قاچقۇن

— ئىسىم - فامىلەڭ نېمە ؟
— ئامان قادىر .
— كېيىنكى ئۆزگەرتكەن ئىسىم - فامىلەڭچۇ ؟
— ئامان دۆلەتوف .
— نېمە جىنايەت بىلەن قولغا ئېلىندىڭ ؟
— چەت ئەلگە قېچىش جىنايىتى بىلەن .
— ئېنىق سۆزلە !

باش سوتچىنىڭ سوئال - سورىقى باشلىنىش بىلەن ئوچۇق سوت مەيدانى بىردىنلا جىمجىتلىققا چۆكتى . مىڭلىغان كۆزلەر ئامانىنىڭ خۇددى دەرەخ قوۋزىقىدەك تىلىم - تىلىم تاتۇقلار بىر - بىرىگە گىرەلەشكەن يۈزىگە ، كەڭ قاشلىرىنىڭ تېگىدىكى روشەن يېنىپ تۇرغان چوڭ كۆزلىرىگە تىكىلدى . ئامانىنىڭ هەر-بىر سۆزى گويا قوغۇشۇندەك كىشىلەر قەلبىگە قۇيۇلماقتا ئىدى . ئامان جىنايىتىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن ، باش سوتچى تەپتىشنىڭ ئەيىبلەپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى . ئەيىبنامە قويۇلۇشقا باشلىغاندا ، سوت مەيدانىنىڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئو-رۇن ئالغان ، رەتلىك كىيىنگەن ، چېكە چاچلىرى ئاقارغان ، ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى هەسەن پۈتۈن بەدىنى قۇلاققا ئايلانغاندەك بېرىلىپ ئاڭلايتتى . سوت مەيدانىنىڭ ئەڭ چەت ۋە ئارقا تەرىپى-دە ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقمايدىغان يەردە ئەرەنچە كىيىنگەن بىر قىز ئېڭەك تىرەپ ئۈنسىز يىغلاپ ئولتۇراتتى . ئۇنىڭ ئۆزىگە خوپ كەلمىگەن ئەرەنچە كىيىمىمۇ كونا ۋە مەينەت بولۇپ ، گەج ۋە لايدا بۇلغانغانىدى . ئۇ دانە - دانە ياش تامچىلىرى ئېسىلىپ

تۇرغان كىرپىكلىرىنى قاقماي، قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىدە سوت مەيدانىغا قارايتتى.

— مەزكۇر، — دېدى ئەيىبلىگۈچى سۆزىنىڭ ئاخىرىدا، — چەت ئەلگە قېچىشنى ئۇزاقتىن بېرى پىلانلاپ كەلگەن بولۇپ، چەت ئەلدىكى سۆيگىنى بىلەن خەت - ئالاقە قىلىشىپ تۇرغان. لېكىن ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپ مۇدىرى «×× »نىڭ ئايالىغا باسقۇن-چىلىق قىلىش ئارقىلىق ئۆلۈم ۋەقەسىنى كەلتۈرۈپ چىقارغاندىن كېيىن تۇتۇلغان. ئەمما ئوقۇتقۇچى شېرىنىئاينىڭ (بۇ يەرگە كەلگەندە ئەيىبلىگۈچى شېرىنىئاينىڭ بۇزۇق ئۇنسۇر قالپىقى بار-لىقىنى ئەسكەرتىپ ئۆتتى) ياردىمى بىلەن بىر كېچىدە ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈپ چەت ئەلگە قاچقان.

ھەسەن مۇدىر ئېغىر خورسىنىش بىلەن بېشىنى ئىرغىتتى. ئەرەنچە كىيىنگەن قىزمۇ بېشىنى چايقىغانچە «تۆھمەت··· » دەپ پىچىرلىدى. باش سوتچى ئاقلىغۇچىنىڭ ئاقلاپ ئۆتىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغاندا، مەيدان ئىچى: «مەمتىمىن ئەپەندى» دېگەن پىچىرلاشلار بىلەن تولدى. ئېگىز بوي، بۇغداي ئۆڭلۈك، نېپىز لەۋلىرىدىن ھەمىشەم تەبەسسۇم كەتمەيدىغان مەمتىمىن ئەپەندى ئورنىدىن تۇردى!

— سوتچى، زاسىداتېل، تەپتىش ۋە كۆپچىلىك يولداش-لار، — دېدى ئۇ مەيدان ئىچىگە تەكشى نەزەر تاشلاپ، — بۈگۈن خەلق سوت مەھكىمىسىدىن ئۇيۇشتۇرۇلغان ئوچۇق سوت يىغىنىدا تەپتىش مەھكىمىسىدىن جاۋابكار ئامانىنىڭ ئەيىبنامىسىنى ئوتتۇ-رىغا قويدى. مەن «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى جىنايى ئىشلار دەۋا قانۇنى»نىڭ يىگىرمە ئالتىنچى ماددىسىدىكى كونكرېت بەل-گىلىمىلەرنىڭ روھىغا ئاساسەن، جاۋابكار ئامان قادىرنىڭ چەت ئەلگە قېچىش دېلوسى ئۈستىدە ئەمەلىي پاكىتنى تۇتقا قىلىپ، دەلىل - ئىسپاتلارغا ئاساسلىنىپ، قانۇن - نىزامدا كۆرسىتىل-گەن پرىنسىپ - بەلگىلىمە ئۆلچەمگە تەتبىقلاپ، «بىرىنچىدىن،

قانۇنغا سادىق بولۇش ، ئىككىنچىدىن ، خەلق مەنپەئىتىگە سادىق بولۇش ، ئۈچىنچىدىن ، ئەينەن پاكىتقا سادىق بولۇش… »تىن ئىبارەت يېتەكچى ھېسسىياتىم بىلەن ئاقلاش پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن .

مەتتىمىن ئەپەندى ئامانىنىڭ جاراھەت ئىزى قاپلاپ كەتكەن مەسۇم چىرايىغا قارىغىنىدا ، ئۇنىڭ قەلبىنى ئېغىر بىر تاش بېسىۋالغاندەك بولدى…

## دۆلەتوفنىڭ غەزىپى

… ئورمان ئىدارىسىنىڭ باشلىقى دۆلەتوف بېغىدىكى ساپسېرىق ياپراقلار ئارىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەشەمەتلىك ئۆيىدە قوللىرىنى ئارقىسىغا قىلىپ ، ئايلانما دېرىزە ئالدىدا تۇراتتى . ئۇنىڭ يەتتە يىلدىن بۇيانقى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى ، كۆڭۈل شادلىقلىرى خۇددى ئاشۇ دەرەخلەر تۇۋىگە شىرىلداپ تۆكۈلۈۋاتقان كۈز خازانلىرىدەك قاياقلارغىدۇ ئۇچۇپ كەتمەكتە ئىدى ! ئۇ خىرە چاڭ ئىچىدىكى خورۇم زاۋۇتىنىڭ تۇرخۇنلىرىغا ۋە ئۇنىڭ چاقماق قەنتتەك ئۆيلىرىگە ، كەڭ يېيىلىپ ياتقان پىچانلىقىغا قارىغىنىچە ئۇھ تارتتى .

دەرۋەقە دۆلەتوف تۇز يېگەن يەرلەردىن ئايرىلىپ ، يات ئەللەرگە كېتىش ئالدىدا ئۆز بايلىقىدىن — پارقىراپ ئاۋاز يېنىپ تۇرىدىغان تاختايلىق ئۆيلىرىدىن ، لاپاسلىق قورۇسى ، ھاۋا رەڭ تۆمۈر رېشاتكىلىق بېغىدىن ، ماي ئايلىرى ئېچىلغان سېرىنگۈللەر ئايلانما شەكىللىك دېرىزىلىرىدىن مارىشىپ ، گۈپۈلدەپ پۇراق چېچىپ تۇرغان خۇش ھاۋالىق راۋىقىدىن ، ئېغىلدا مۆرىشىۋاتقان نەسىللىك كالىلار ، بېلىقتەك ئويناپ تۇرىدىغان سۈت ـ قايماق ، سېرىقماي ، گۆش ، ئايران ـ قىمىزلاردىن رىشتىنى ئۈزەلمىگەنلىكتىنمۇ ئەمەس ، ئەيناۋۇر ئۇنىڭ ئىشتىھاسى تۇتۇلۇپ قالغان-

دەك بولۇپ ، بىر ـ ئىككى كۈندىن بېرى كۆڭلى ـ كۆكسى
كۆتۈرۈلمەي ئېغىر خىياللار بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى...

«ئوتــى بار يەرنىــڭ سۈيــى يوق ، سۈيــى بار يەرنىــڭ
ئوتى... » دېگەندەك توققۇزىنى تەل قىلىپ يارانقان خۇدايىم ئۇ-
نىڭغا ئوغۇل پەرزەنت بېرىشتە قاتتىق قۇللۇق قىلدى . دۆلەتوف-
نىڭ پەقەت چەت ئەل تىلى مەكتىپىدە ئوقۇۋاتقان بىر تاللا قىزى
ئىدى .

دۆلەتوف ئۆزىنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇپ ، تاپقان دۇنياسىغا
ئىگىدارچىلىق قىلىپ ، ئاتا نامىنى ئۆچۈرمەيدىغان ، ئائىلە نەسە-
بىنى داۋام ئېتىدىغان ، ئاتا نەسلىنى قۇرۇتمايدىغان ئوق يىلتىزد-
ىنىڭ — يەنى «ئوغلى»نىڭ يوقلۇقىغا ئېچىناتتى . ئۇ ، قىزىنىڭ
هامان بىر كۈنى ياتلىق قىلىنىپ ، قانداقتۇر بىر هارامزادىنىڭ
«تەييارغا هەييار» بولىدىغانلىقىنى ئويلىسىلا ، جاپا ـ مۇشەققەتتە
تاپقان دۇنيادەپىنىسىگە ئوت قويۇۋەتكۈسى كېلەتتى... » ئەلۋەتتە
«قىز نەۋرە — نەۋرە ئەمەس ، ياتنىڭ بالىسى ئۆز... » ئۇ چاغدا
دۆلەتوفتىن نە نامۇنشان قالسۇن !... شۇڭا ئۇ يەتتە يىلنىڭ
ئالدىدا سىڭلىسىنىڭ كىچىك ئوغلى ئامانىنى بېقىۋالغانىدى .

دۆلەتوف ئۇقۇمۇشلۇق ئادەم بولغاچقا ، قىزى بىلەن ئاماذ-
ىنىڭ بىر ـ بىرىگە كۆڭۈل رىشتىسىنى باغلاش ئۈچۈن چەككەن
رىيازىتى ئاز ئەمەس . ئۇ هەر كۈنى خىزمەتتىن قايتىپ كېلىپ ،
ئاتتىن چۈشە ـ چۈشمەيلا : «ئامان ، گۈلجامال ، مەن بۈگۈن نېمە
ئېلىپ كەلدىم ؟ » دەيتتى . «كىتاب ـ ژۇرنال... » دەپ چۇرقىد-
ىراشتى باللار . كېچىلىرى «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىغا بېسىلغان
بېغى هېكايىلەر ، «ئەلف ـ لەيلى» ، «چاهار دەرۋىش» قىسسىد-
ىلىرى ئوقۇلاتتى . يىللار ئۆتتى ... ئامان بىلەن گۈلجامالنىڭ بىر
چاغلاردىكىدەك دەپتەر ـ قەلەم تالىشىپ سوقۇشىدىغان ، ئەرزد-
ىمەس ئىشلارغا قېيىدىشىدىغان «ئىت ـ مۇشۈك» ۋاقىتلىرى
ئۆتۈپ كەتتى . قىرقىپ قويغاندەك تەڭ چوڭ بولۇۋاتقان بىر جۈپ

ئۆسمۈرنىڭ پاك يۈرىكىگە سىرلىق بىر ئېقىن ھارارەت بەرمەكتە ئىدى…

ئامان بىلەن گۈلجامالنى گۈل تۈۋىلىرىدە ، سۈ بويلىرىدا ، راۋاق پەلەمپەيلىرىدە يالغۇز ئۇچراتقان دۆلەتوف قىن - قىنىغا پاتماي ، بېشى كۆككە يەتكەندەك ، قارامتۇل چىرايىغا خوپ ياراشقان مويلاۋلىرىنى سىلايتتى ۋە ھىمىرىپ قويۇپ مىيىقىدا كۈلۈمسىرەيتتى… «ئىنشائاللا ، ھەرنېمە بولسا ئەجرىم چېچەك بەردى… » دەپ ئۆزىدىن ئۆزى مەمنۇن بولاتتى…

بىر خۇشاللىقتا بىر كۈشەندە جور بولغاندەك ، دۆلەتوپنىڭ چەت ئەلگە مېڭىش خېتى چىققاندىن كېيىن ، ئاماننىڭ مىجەزىدىكى ئۆزگىرىش دۆلەتوفنى چىۋىن يېۋالغاندەك كۆڭلىنى غەش قىلىپ قويدى . ئۇ گۈلجامالنىڭ يۇمران ھېس - تۇيغۇلىرى ، شېرىن سۆزلىرى ، ئۇيىلىپ بېقىشلىرى ، ئۇرماق تەلپۈنۈشلىرى ، قىسقىسى ، نازۇكەرەشمە ئىلتىپاتلىرىغا ئاددىيلا قارايدىغان… تۇپتۇزلا جاۋاب بېرىدىغان ، كۆزلىرىنى ئېلىپ قېچىپ ، ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى . ھەتتا دۆلەتوپنىڭ ھەپتە ئىلگىرى ئامانغا : «ئوغلۇم ، سۈرىتىڭنى ئۈچ نۇسخا قىلىپ ئازكىت توشقۇزۇپ پاسپورتقا ئالدۇرۇپ بولدۇم… » دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ، ئامان چىرايىنىمۇ ئېچىپ قويمىدى…

دۆلەتوف راۋاق ئىچىدە تاقىلدىتىپ ئالدى - ئارقىغا ماڭدى ، قوللىرىنى ئۇۋۇلاپ ، بارماق ئۇگىلىرىنى قارسىلداتتى . ئۇ كۆڭلىنى سەدپارە قىلىۋەتكەن خىياللار بىلەن قىزى گۈلجامالنىڭ ئالدىدا تۇرغانلىقىنىمۇ كۆرمىدى .

— دادا !…

دۆلەتوپ ئوڭ قولىدا جەينىكىنى تۇتۇپ ، سول قول بارماقلىرىدا قوشۇمىسىنى چىمدىغانچە بىر ھازا گەپ قىلماي تۇرۇپ كەتتى - دە ، قىياپىتىنى بۇزماي تۇرۇپ سورىدى :

— ئامانىللا قېنى ؟

— ئۇ … ئۇ ، باغچىغا بارغاندۇق ، مەھەللىسىدىكى دوست-



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

لىرى بىلەن ··· — قىز يىغلىۋەتتى .

دۆلەتوف ، ئامانىنىڭ مەھەللىسىدىكى دوستلىرىغا ئۆچ ئىدى . چۈنكى ئۇنىڭ نەزەرىدە «ئاشۇ ئۇششاق شۇملار » ، ئامانىنى «ۋاللەي » ، «گاراتكا » ، «قاشقانچۇق » ، «بېلىق تۇتۇش··· » دېگەندەك ئويۇنلارغا قىزىقتۇرۇپ ، تۇغۇلغان مەھەللىسىدىن ئۈمىد رىشتىسىنى ئۈزەلمەسلىك ، ھەتتا پۈتۈن مېھىر - مۇھەببىتى كونا مەھەللە ، كونا دوست ، كونا ئائىلىگە باغلىنىپ قالىدۇ . بۇنداقتا مېنىڭ كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقلىرىم ، ئۈمىد - ئارزۇلىرىم سۇ ئۈستىدىكى كۆپۈككە ئايلىنىپ ھەممىسى بەربات بولىدۇ··· » دېگەن چۈشەنچىدە ئىدى··· شۇڭا ئۇ «مەھەللىسىدىكى دوستلىرى··· » دېگەن سۆزنى ئاڭلىشى بىلەن بىردىنلا سەپراسى ئۆرلەپ كەتتى :

— ماڭ ، تۇرغان توكۇرنى چاقىر ، — دېدى دۆلەتوف ئاچچىقى بىلەن ، ئۇنىڭ غەزىپى تاشقان بولسا كېرەك «تۇرغان » دەپ چاقىرىپ كەلگەن خىزمەتچىسىنىڭ مېيىپ پۇتىنىمۇ چىشلەپ تارتتى . تۇرغان ئەسلىدە ئۆزۈن يىللىق خىزمەتچى بولۇپ ، بىر يىل قىشتا خاڭدىن كۆمۈر ئەكىرىۋېتىپ سول پۇتى ئۇششۇپ كەتكەنلىكتىن ، ئۇنىڭ تىزىنىڭ يۇقىرىسىدىن كېسىپ تاشلانغاندى . شۇنىڭدىن بېرى ئۇ قولتۇق تايىقىنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ قويۇپ ، ساق ئادەمدىن چاققانراق ئىشلەيتتى .

— دۆلەتوف ئاكا ، خىزمەت ! — ئېگىز ، قامەتلىك تۇرغان راۋاق پەلەمپىيىدە قول قوشتۇرۇپ تۇراتتى .

— «چىلان تورۇق »نى ئېگەرلە !

— خوش···

## ئادەم ئەلنى ئەمەس — يەرنى سېغىنىدۇ

ئامانىنى ئۆز ئۆيىدىن تاپالمىغان دۆلەتوف چىلان تورۇقنى رەھىمسىز قامچىلاپ دەريا يوللىرىنى ، پىرىستانلارنى ، ئىشقى-

لىپ ، ئامان دوستلىرى بىلەن ئويناپ - كۈلۈپ چوڭ بولغان — چىغلىق ، ساي قۇيۇلۇشلىرى ، زەيومكى ، «ۋاڭقادىر» نىڭ باغلىرىغىچە ئىزدەپ ، گۈگۈم بىلەن تەڭ بۇلۇتتەك تۇتۇلۇپ ، قارا تەرگە چۆمگەن چىلان تورۇقنى يېتىلەپ هويلىغا كىرىپ كەلدى . ئۇ ئامان بىلەن گۈلجامالنىڭ باغ ئىچىدە قوغلىشىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرگەندىن كېيىنلا يېنىككىنە تىن ئالدى .

تاماقتىن كېيىن دۆلەتوف ئامان بىلەن سۆهبەتلەشتى . ئۇ ئاماننىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى — چەت ئەل پايتەختلىرىدە گۈلجامال بىلەن بىرگە ئوقۇيدىغانلىقى ، چەت ئەلدىكى باغچە ، رېستوران ، كىنو - تىياتىرلار ، ئائىلىۋى تۇرمۇش مەئىشەتلىرى — ئومۇمەن ئۇنىڭ گۈزەل پارلاق هاياتى ئەڭ ئىنچىكە دەلىللەر بىلەن كۆرسىتىپ بېرىلدى . دۆلەتوف ئاماننىڭ سەمىمىي چىرايىنى كۆرگەندىن كېيىن ، بىردىنلا قولىنى يېيىپ جانلىنىپ كەتتى :

— شۇنداق ، ئوغلۇم ، مەن سېنى نېمە ئارزۇ - ئارمانلار بىلەن شۇ دېمەتلىك قىلدىم . دەپ باقە ، ياكى مەن سېنى يەرگە قارىتىدىغان ، دىلئازار بېرىدىغان ئىشلارنى قىلدىمۇ ؟ مېنى ، گۈلجامالنى داغدا قويمىغىن . سىلەر بىر بېغىشتا چۈشكەن بىر جۈپ غۇنچە بولۇپ قالدىڭلار ، هىم ، بولۇپمۇ گۈلجامال — ... دۆلەتوف ئۆي ئىچىدە توختاۋسىز ماڭاتتى ، — ئۇ... ئۇ هەرگىز سەندىن ئايرىلىپ باقمىغان ! سەنمۇ شۇنداق ، ماقۇل دە ، بۇ شۇنداقتۇ ؟ !

ئامان بېشىنى لىڭشىتتى . دۆلەتوف خۇشاللىقىدا چانقىنى قورۇق باسقان كۆزلىرىدىن ياش چىقىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزى تۇيمايلا قالدى .

— توغرا ، ئوغلۇم ، ئەنە ئۆزۈڭمۇ قايىل ، مەنغۇ يېشىمنى ياشىدىم ، لېكىن گۈلجامال...

تاشقىرىقى ئۆيدە ئاڭلاپ ئولتۇرغان گۈلجامال مۆل - مۆل

يىغلىماقتا ئىدى . ئۇ دادىسىنىڭ سۆزى ئاياغلاشمايلا ئۇچقاندەك كىردى - دە ، دۆلەتوفنى ئۈن - تىنسىز قۇچاقلىۋالدى .

... كۈز ئاسمىنى چاراقلىغان لەئەل - ياقۇتلار بىلەن تولغانىدى ! ئامان باغدىكى راۋاق پەلەمپىيىدە «مارجان» ئىسىملىك ئىتنى قۇچاقلىغانچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى . مارجانمۇ ئاماننىڭ يۈرەك دەردىنى چۈشەنگەندەك ، بويۇنلىرىنى سۈركەپ ، ئۆزىنىڭ قۇندۇزدەك قارا ، پاخما يالتىراق تۈكلىرى بىلەن ئاماننىڭ بەدىنىنى ئىسسىتاتتى .

تۈن قاراڭغۇلۇقىغا ھەمراھ بولغان ئامان مارجاننى قۇچاقلىغانچە دۆلەتوفنىڭ ھېلىلا قىلغان سۆزلىرىنى تەكرارلايتتى . راستىنلا ئۇ گۈلجامالدىن ئايرىلىپ چىدىيالارمۇ ؟ خۇددى ئەتىيازنىڭ تۇنجى ئەلچىسى — سېرىقچېچەك گۈلىدەك نازۇك ، قوڭۇر چاچلىق ، چوڭ كۆزلىرى داۋاملىق كۈلۈپ تۇرىدىغان ، ھەر قارىشىدا بىر سىرلىق تەبەسسۇم بىلەن كۆڭلىنى مەھلىيا قىلىپ ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئارقىلىق كۆزلىرىنى يوشۇرىدىغان شوخ تەبىئەتلىك قىزغا كۆزى قىيارمۇ ؟ !...

بۇنىڭدىن يەتتە يىل ئىلگىرى ، ئۇ ئەمدىلا سەككىز ياشقا كىرىپ بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىدا ، بۇ ئۆيگە كەلدى . گۈلجامال بىلەن تالىشىپ - يالىشىپ ، ئىككى - ئۈچ يىلنى ئۆتكۈزدى ، دەم ئېلىش كۈنلىرىنىڭ بىرىنىمۇ بوشقا ئۆتكۈزمەي ، دەريا بويلىرىغا باراتتى . چۆمۈلەتتى... باغچىلاردا يۇمشاق چىمىلىقلار ، بۈك ئاكاتسىيلەر ئارىسىدا سەيلە - تاماشا قىلىشاتتى . لېكىن دۆلەتوف ئامان بىلەن گۈلجامالنىڭ مەكتەپكە بېرىشتا تەڭ چىقىپ ، قايتاشىدا بىللە كېلىشىنى تاپىلايتتى . ئامان ئۇيغۇر باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇيتتى . گۈلجامال «ستالىن» مەكتىپىنىڭ چەت ئەل تىلى سىنىپىدا ئوقۇيتتى . شۇڭا ئۇلار «ۋاڭ قادىر »نىڭ بېغىغا كەلگەندە ئايرىلىپ ، قايسىسى بالدۇر قايتسا باغچىدىكى بەلگىلەپ قويغان ۋە ئۆزلىرىمۇ كۆنۈپ كەتكەن شادا

ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ساقلايتتى . ئۇلار يولدا قوغلىشىپ ، سۇ چېچىشىپ ، چىرايلىرىدا كۈلكە ، مەڭزلىرىدە قىزىللىق ، پېشانى-لىرىدە تەر كۆزلىرىدە يالقۇن چاقنىغان ھالدا قول تۇتۇشۇپ ھويلىغا كىرىپ كېلىشەتتى ـ دە ، دۆلەتوفقا سالام بېرىشەتتى···

بىر قىشلىقى ئامان مەكتىپىدە دوستلىرى بىلەن ئويناپ قېلىپ بەكمۇ كەچ ياندى . ئۇ گۈلجامالنى «بەلكىم كەتكەندۇ» دەپ ئويلىغانىدى . لېكىن يول باغچا ئىچىدە بولغاچقا ، كېتىۋې-تىپ بىر قىزنىڭ پەلتوسىنىڭ يېڭىگە قولىنى چىڭ تىقىپ ، مۈگدەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ يېقىن بېرىپ گۈلجامالنى تونۇدى .

— گۈلجامال !···

— ئامان !···— گۈلجامال يىغلىۋەتتى ،— قارىغىنا ، قوللى-رىم مۇزلاپ كەتتى . قولۇمنى ئىسسىتىپ قوي .

ئامان تۈگمىلىرىنى يېشىپ ، سۇغۇر جۇۋىسىنى ئاچتى . گۈلجامال ئۇنىڭ قولتۇقلىرىغا قوللىرىنى تىقىپ قۇچاقلىغانچە : «ئۇھ ، ئەجەب ئىسسىق··· » دېدى ـ دە ، سوغۇق يۈزىنى ئاماننىڭ يۈزىگە يېقىپ كۆزىدىكى ياشلىرى بىلەن ئىلجايغانىدى··· بۇنداق ئىشلار كۆپ تەكرارلاندى . بىر قېتىم گۈلجامال قەستەنلىكمۇ ياكى تاسادىپىيمۇ ، ئىشقىلىپ ، ئاماننى قەھرىتان سوغۇقتا ساقلايتتى . كوچىلاردا قىشلىق كىيىملىرىگە پۈركىنىپ ، ئۆيلى-رىگە ئالدىرىشىپ كېتىۋاتقان كىشىلەرمۇ شالاڭلاشتى . ئامان توڭگۇلۇپ ، ئىككى موك بولۇپ قالدى . تۇيدۇرماي كەلگەن گۈلجا-مال ئۇنى ئارقىسىدىن قۇچاقلىۋالدى .

— ئامان ، مېنى ساقلىدىڭما ؟··· مېنىما ، راستىنلا ؟··· ۋاي ـ ۋۇي ، قوللىرىڭ كاچكۇلغا تىققاندەك بولۇپ كېتىپتۇ . دومسىيىۋالساڭ تېخىمۇ ئوماق بولۇپ كېتىدىكەنسەن . بولدى ، ئالايمىغىنا ئەمدى···

گۈلجامال شارپىسىنى ئېلىپ ئاماننىڭ يۈزىنى يۆگىدى ،

تۇيۇت ئەستەرلىك پەلتوسىنىڭ يالتىراق تۈگمىلىرىنى بىر - بىرلەپ يېشىپ ، ئامانىنىڭ قوللىرىنى قويىنىغا تىقتى…

— قانداق ، ئىسسىقمىكەن … نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ؟ ۋىيىەي تۇۋا… ماۋۇنىڭ… قىزىرىپ كەتكىنىنى…

ھېس - تۇيغۇلىرى — بەدىنى ، ھۇسنىگە ئوخشاشلا بىخ ئۈرۈپ يېتىلىۋاتقان بۇ قىز گەرچە ئامانغا گەپ قىلىۋاتقان بولسىمۇ ، لېكىن باش باھارنىڭ تۇنجى يامغۇرى مايسىلارغا جان كىرگۈزۈپ ، كۆچەت تومۇرلىرىغا سۇ ماغدۇرغىنىدەك ، ئامانىنىڭ قولى قويىنىغا كىرىش بىلەن يۇمران ۋۇجۇدىنى يېنىك تىترەك قاپلاپ ، شېرىن ۋە لەزىز بىر ئېقىن يۈرىكىگە تارقىلىپ ، ئۇنىڭ ھۇزۇرىدىن مەست بولغانىدى .

گۈلجامالنىڭ قەستەن ساقلاتقانلىقىغا كۆزى يەتكەن ئامانىنىڭ راستىنلا ئاچچىقى كەلگەنىدى . لېكىن ئۇنىڭ قول تەگمىگەن شاپتۇلدەك يۇملاق ، كىچىك ، چىڭ كۆكسىگە قولىنىڭ تېگىپ كېتىشى بىلەن تومۇرلىرىدىكى قانىنىڭ بىردىنلا ئۆركەشلەپ ، يۈرىكىنى ئەنسىز تېپچەكلىتىۋەتتى . شۇڭا ئۇ قىزارغىنىچە قولىنى ئاستا تارتىۋالدى - دە ، گۈلجامالنىڭ سىرلىق ۋە مەنە بىلەن خۇمارلاشقان كۆزلىرىگە قايتا قاراشقا پېتىنالماي يەرگە قارىدى…

— ساڭا نېمە بولدى ؟… — قىز ئامانىنىڭ قوللىرىغا قارىدى ، — قوللىرىڭ تىترەۋاتىدۇ…

— بۇ… بۇ… بولمايدىكەن… قولۇم توڭلىمىدى…— ئامان ھىجايدى .

— ساراڭ…

ئۇلار ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ مەنە بىلەن تولغان كۆزلىرىگە قارىغانچە بىردىنلا قاقاقلاپ كۈلدى - دە ، قاردىلا پومىداقلىشىپ كەتتى . ئۇلار قېلىن قاردا خۇددى بىر ئادەمدەك يۇمىلىنا - يۇمىلىنا ، ھېرىپ ھالىدىن كېتىشتى . ئامان بىلەن

گۈلجامال كۆك ئاسمانغا قاراپ قانچىلىك ۋاقىت يېتىشتى ، ئۆز-لىرىمۇ بىلمەيدۇ . بىر چاغدىلا گۈلجامالنىڭ «بىر - ئىككى - ئۈچ ··· » دەپ پەلەيلىك بارماقلىرىنى پۈكۈپ ، ئەمدىلا پىلىلداپ چىقىۋاتقان يۇلتۇزلارنى ساناۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ئامان بىردىنلا ئۇنى قۇچاقلىۋالدى···

··· ياز ئايلىرى ئامانىنىڭ يۇمران قەلبىدە ئۆچمەس ئىزلارنى قالدۇرغانىدى . ئۇلار مەھەللىسىدىكى دوستلىرى بىلەن ئېدىرلار-غا چىقاتتى ، سېغىز چىقىرىشاتتى ، رەڭگارەڭ ياۋا گۈللەرنى تې-رىيتتى ، كېپىنەكلەرنى قوغلىشاتتى . بولۇپمۇ تەتىل ۋاقىتلىرى دۆلەتوف ئۇلارنى يايلاقلارغا ئاچىقاتتى . قاتمۇقات كۆكۈچ تۇمان ئىچىدىكى ياپيېشىل تاغلار ، قارىغاي ، قېيىن ، ئارچىلار بىلەن قاراڭغۇلاشقان قاپتاللار ، خىلمۇخىل رەڭ ئالغان ياۋا مېۋىلەر··· ئۇلار ياۋا تاشئالمىلارنى مارجان قىلىپ بويۇنلىرىغا ئېسىشاتتى . مالىنا ، قۇلۇپىنكىنىڭ قىپقىزىل سۈيىنى بىر - بىرىنىڭ يۈزىگە سۈۋىشاتتى ، تاشتىن - تاشقا سەكرەپ ، ئۇرۇلۇپ چۇشۇۋاتقان زۇمرەت سۇلاردا ئوينىشاتتى ، مەخمەلدەك تاغ باغىرلىرىدا قوغلى-شىپ ، دومىلىشىپ ، قۇياشنىڭ قاچانلاردا ئاقۇاش تاغلار چوققى-سىغا باش قويغانلىقىنى سەزمەي قېلىشاتتى··· بىر چاغلاردىلا تۇرغانىنىڭ قولدىنى كاناي قىلىپ : «ئا··· مان ! گۈل···جا··· مال !··· » دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندىلا قارىغايلار ئارىسىدىن پىل-دىرلىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىشەتتى···

ئامان ، تۇرغاننى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى ، ئاخشاملىرى ئۇ-نىڭ كىچىك ھۇجرىسىدىن چىقمايتتى . ئۇ : «تۇرغان ئاكا ، ئاتلى-رىڭنى سۇغىرىپ كېلەيمۇ ؟··· » «بۇ قېتىم ئاتلارنى مەن سوۋۇ-تۇپ كېلەيچۇ ؟ » دەپ پات - پاتلا ئۇنىڭدىن سورايتتى . تۇرغان : «ھە ، پاخمىۋاش ، يەنە تىزىڭغا تامغا بېسىۋالارسەن··· » دەيتتى . چۈنكى بىر قېتىم ئات تېپىۋېتىپ ، ئامانىنىڭ تىزى يېرىلىپ تاتۇق بولۇپ قالغانىدى . تۇرغان دۆلەتوفتىن تىل ئىشتىكەن بولسىمۇ ،



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com